سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى بۈگۈن كەچتە كۆرسىتىلىدۇ

دۆلەت بايرىمىنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالايلى

**ئۆز خەۋىرىمىز** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم بىرلىشىپ مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن، شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سائەت 22دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسىدە كۆرسىتىلىدۇ، 22دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاخبارات ئۇنىۋېرسال قانىلى، قازاقچە ئاخبارات ئۇنىۋېرسال قانىلىدا كۆرسىتىلىدۇ.

كېچىلىك «ۋەتەننى مەدھىيەلەش، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەش، ۋەتەننى ئالقىشلاش»نى باش تېما قىلىپ، مۇقەددىمە «مېنىڭ ۋەتىنىم»، 1 ـ بۆلەك «ۋەتەن بىلەن قەلبداش بولۇش»، 2 ـ بۆلەك «ۋەتەن بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىش»، 3 ـ بۆلەك «ۋەتەنگە بەخت تىلەش»، خاتىمە «يەنە بىر قېتىم ئاتلىنىش»تىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان كېچىلىكتە، ناخشا ـ ئۇسسۇل، «سىنلىق قىسقا فىلىم»، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، ھەر مىللەت خەلق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تارىخىي مۇساپىسى تولۇق نامايان قىلىنغان. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ، ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى گەۋدىلىك نامايان قىلىنغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ۋەتەنگە بەخت تىلەشتەك گۈزەل يۈرەك ساداسى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن.

## جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تولۇقلىنىپ يېتىلىپ كەلدى، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى قۇدرەتلىك مەدەنىيەت ئىشەنچىمىزنىڭ مەنبەسى. بىزنىڭ ئۇلۇغ روھىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق يېتىلدۈرگەن. تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىمىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئۇلۇغ مىللىي روھنى ئورتاق تاۋلاپ چىقتى. جۇڭخۇا مىللىتى روھى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېنى ۋە روھىغا چوڭقۇر سىڭىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جۇڭگو تارىخى دەل ھەرقايسى مىللەتلەر يۇغۇرۇلۇپ ـ توپلىنىپ شەكىللەندۈرگەن، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى، دەل ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق بەرپا قىلغان، تەرەققىي قىلدۇرغان، مۇستەھكەملەپ بىرلىككە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۇغۇرۇلۇشى، كۆپ مەنبە بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ھەممىنى قوبۇل قىلىشىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تايىنىشىدىن، ھېسسىيات جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشىدىن بولغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، بىرلىككە ئىنتىلىشىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن بولغان. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەڭداشسىز سىغدۇرۇشچانلىقى ۋە قوبۇل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، ئۇزاقتىن داۋاملىشىپ، زور رول ئوينىغان، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، روناق تاپقان.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى بىپايان، مەدەنىيلىكى ئۇزاق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن بولۇشى ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان مول مىراس، شۇنداقلا دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسىدە، بىر گەۋدە كۆپ مەنبەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ بىر گەۋدە كۆپ مەنبەدىن ئايرىلالمايدۇ، كۆپ مەنبەمۇ بىر گەۋدىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ بىر گەۋدە ئاساسىي لىنىيە ۋە يۆنىلىش، كۆپ مەنبە مۇھىم ئامىل ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. جۇڭخۇا مىللىتى تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە، بىرى گۈللەنسە، باشقىلىرىمۇ گۈللىنىدۇ، بىرى زىيانغا ئۇچرىسا، باشقىلىرىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغاندىلا، ئاندىن ئىستىقبالى بولىدۇ، ئاندىن ئۈمىد بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇش ئاساسى، ھاياتلىق يۆلەنچۈكى، كۈچ مەنبەسى.

تارىخقا قايتا نەزەر سالساق، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ كۈرەش قىلىش مۇساپىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئاجايىپ ئىجادكارلىقىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قول تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا موھتاج. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۇيۇشۇشچانلىقى تېخىمۇ زور بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولساقلا، بىز گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ئورتاق قۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتالايمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

## شىنجاڭ ئامىللىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تېپىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىدە نامايان قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مىللىي رايون ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ دەۋر سەھىپىسىنى ئاچتى.

1962 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى (لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى) پۈتۈپ، شىنجاڭغا تۆمۈر يول قاتناشماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى؛ 2016 ـ يىلى، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش تەربىيەسىدە، شىخو شەھىرىنىڭ يەنسىخەي كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى «كۆچمە پارتىيە مەكتىپى»نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، مال بېقىش ئورۇن ـ نۇقتىلىرىدا پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش قاتارلىق ياچېيكا پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، «ماناس»، خۇمېي قاتارلىقلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى (ئىسمىلىكى) گە كىرگۈزۈلدى... ھەربىر نۇرلۇق پەيت، ھەر بىر تارىخىي دەقىقە مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىدە نامايان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ باشتىن ـ ئاخىر دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش، ۋەتەن بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتەك تەرەققىيات ئىزلىرىنى خاتىرىلىدى.

كۆرگەزمىدە 150 «يېڭى جۇڭگودىكى بىرىنچى» توپلىنىپ ئالاھىدە كۆرگەزمە قىلىندى، بۇ، 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدىكى قاراماي تېغى رايونىدا تۇنجى تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىپ، شۇ ئارقىلىق قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بايقالغانلىقىنى؛ 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، دۆلىتىمىزدىكى ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن، ئېغىز دىيامېتىرى ئەڭ چوڭ گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ــ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كۆرگەزمىدە يەنە ھەر ئون يىل بىر تۈگۈن قىلىنىپ، قەھرىمان، نەمۇنىچى شەخسلەر تېمىدىن يەتتىسى ياسالغان، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن پېڭ جياڭمۇ، قۇربان نىياز، ۋاڭ گاڭ، ۋېي دېيوۋ، جاڭ بياۋ بار. «دۆلەت ئالبومى»غا ئويۇلغان بۇ چىرايلار كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ سىماسى، شۇنداقلا شىنجاڭلىقلارنىڭ پەخرى.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاماشىبىنلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن بەس ـ بەستە ئىپتىخارلاندى، شۇنداقلا كۆرگەزمە ئارقىلىق شىنجاڭنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ، شىنجاڭدىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى بەس ـ بەستە ماختىدى. 62 ياشلىق بېيجىڭ شەھىرى ئاھالىسى لىيۇ يۆخۇي مۇنداق دېدى: «جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن 70 يىلدا، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يېڭى سەھىپىلەر پۈتۈلۈپتۇ، كۆرگەزمە ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كونا سۈرەتلىرىنى كۆردۈم، يەنە شىنجاڭدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۈم، ۋەتەننىڭ بارغانسېرى بېيىپ قۇدرەت تېپىشىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى گۈزەل بولۇشىغا تىلەكداشمەن».

## ئاپتونوم رايون يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈش دوكلات يىغىنى ئاچتى

**مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ:** 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈش دوكلات يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى ۋاڭ خەنجۇڭ، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى كەسىپ ئىقتىسادى ۋە تېخنىكا ئىقتىسادى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ چياڭيۈن، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دېڭ مىڭجياڭ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى كېۋەز تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لى فۇگۇاڭ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى لى شېڭلىلار ئايرىم ـ ئايرىم پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، يېزىلاردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك تەرەققىياتى، يۇقىرى سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش، سۈتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق باش تېمىلارنى چۆرىدەپ مەخسۇس دوكلات بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، تارماقلار قايتا ـ قايتا ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ دوكلات مەزمۇنىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، قوبۇل قىلىپ، گوۋۇيۈەننىڭ «يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلەر تەرەققىياتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، خاس ئەۋزەللىكنى تەھلىل قىلىپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تېپىپ چىقىپ، تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دوكلات يىغىنىنىڭ نەتىجىسىنى كونكرېت ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ، ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ قاراتمىلىققا ۋە مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز دوكلات يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سو يۆ، كۇڭ شىڭلۇڭ، ئىلھام سابىر دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

## ۋەتەنگە يۈز كېلەلەيدىغان شەرەپ ۋە ئارزۇنى پۈتتۈپ چىقىمەن

**□ بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش ـ باشقۇرۇش ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جيەن مىڭ**

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، بۈگۈنگە قەدەر 70 يىللىق شانلىق مۇساپە بېسىپ ئۆتتى. بۇ مۇساپىدە، بىر ـ بىرىدىن ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلقلۇق، خەلققە مۇھەببەت باغلىغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان، ھەيۋەتلىك تارىخىي يۈكسەك رەسىمنى ئورتاق سىزىپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىشنىڭ كۈرەش قەسىدىلىرىنى پۈتتى. مەن پارتىيەنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ يېپيېڭى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىققانلىقىغا، گۈللەنگەن، باي ـ قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلغانلىقىغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەر مىللەت ئامما تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ھازىر، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئەمىن ئۆيلەر ئاددىي كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى، توپا يوللار سېمونت يولغا، ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى؛ شۇنداقلا پويىز ئىشىك ئالدىمىزغىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، ساياھەتكە چىقىشىمىز تولىمۇ قولايلاشتى، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشمۇ ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى؛ ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا خاتىرجەم ئۆگىنىش قىلىپ، ياخشى مائارىپتىن بەھرىلىنىۋاتىدۇ، ئوقۇشسىز قېلىش مەسىلىسىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى؛ ئاغرىپ قالسا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، قىيىنچىلىقى بولسا تۆۋەن كاپالەت بار، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بار... ئەمەلىيەت ئىنتايىن ئاددىي بىر ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى: جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى دەل جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتۇر.

مەن يېزىدا تۇغۇلغان، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ماڭا ئوقۇشۇمنى تاماملاش، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بەردى، پارتىيە مېنى بىر ئاساسىي قاتلام پارتىيەلىك كادىر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى قەتئىي تەۋرەنمەي ساقلاپ، ئاڭلىق ھالدا ئېتىقادى مۇستەھكەم زېرەك ئادەم، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك سەمىمىي ئادەم، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان قائىدىلىك ئادەم بولۇپ، تىرىشىپ پارتىيەگە سادىق ئۆلگىلەردىن بولىمەن. مەسئۇلىيەت ئېڭىنى چىڭ تۇرغۇزۇپ، زىممەمدە مۇھىم ۋەزىپە بولۇش، بۇرچنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، كۆتۈرەڭگۈ، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق روھىي ھالەتنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن.

ئۆتمۈشكە قايتا نەزەر سالساق، 70 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، 70 يىلدا ئالەمشۇمۇل غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى؛ كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، دۆلىتىمىز دەل يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي تۈگۈنىدە تۇرماقتا. ياشلىق دەل كۈرەش قىلىشنىڭ مۇقەررەر پەيتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن 80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن يېڭى ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، يېڭى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەش بىلەن ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق يېڭى دەۋر بىز بۇ ئەۋلاد كىشىلەرگە يۈكلىگەن بۇرچنى زىممەمگە ئېلىپ، دۆلەت بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، دەۋر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئىلگىرىلەش جەريانىدا پېشقەدەملەرنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋرنىڭ ھەدىيەسىنى يەردە قويماي، تارىخنىڭ ياقتۇرۇشىنى يەردە قويماي، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولۇش غەيرىتى، ئىرادىسى ۋە جاسارىتى بىلەن دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان، ۋەتەنگە يۈز كېلەلەيدىغان شەرەپ ۋە ئارزۇنى پۈتتۈپ چىقىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)